

پەرھات ئىسمائىل



# دېرىزىدىكى قىز

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىپ شاھ




# دېرىزىدىكى قىز

ISBN 978-7-5371-5831-2

9 787537 158312 >

باھاسى: 4.00 يۈەن



پەرھات ئىسمائىل

# دېرىزىدىكى قىز

( شېئىرلار توپلىمى )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

在天窗的姑娘:维吾尔文/帕尔哈提·司马义著. —乌鲁木齐:新疆青少年出版社，2008.3
ISBN978— 7—5371—5831—2

Ⅰ.在… Ⅱ.帕… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I227

中国版本图书馆CIP数据核字(2008)第018586号

责任编辑：**伊力哈尔江·沙迪克**
责任校对：**依巴达提·亚森**
封面设计：**阿里甫·夏**

**在天窗的姑娘**（维吾尔文）
（诗歌集）
**帕尔哈提·司马义 著**

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编：830049）
新疆金光印务有限公司印刷
850×1168毫米 32开本 1.75 印张
2008年3月第1版 2008年3月第1次印刷
印数：1—2060

ISBN978—7—5371—5831—2 定价：4.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

## مۇندەرىجە


ھاراقنىڭ قۇدرىتى ........................ 1
مەندە ئەمەس پۇت ـ قولۇم .................... 3
ئاتا ۋە ئانامغا ............................ 4
سۆيگۈ ..................................... 6
ئانامغا .................................... 7
ئۆگىنىش .................................. 10
پارچىلار ................................... 11
ئازاب ...................................... 12
بىزدىكى كادىرلار چىپىي ...................... 13
شائىرغا .................................... 14
غەلىتە سورۇن .............................. 16
توي بولدى ................................. 17
قىينىما .................................... 18
ۋەتەن ھەققىدە رۇبائىيلار ..................... 19
تىرىشچان ئاغىنەم ۋە لايغەزەل مەن ............ 20
بىزدە ..................................... 21
ئۆزگىرىش .................................. 22
دۈشەنبىدىن يەكشەنبىگىچە ..................... 24
قاراماي .................................... 25
سېرىق چاچلىق ئۇيغۇر قىزى .................. 26
نان ....................................... 27
سېغىنىش ................................... 28

جۇدالىق ........................ 29
سېغىنىپ كەلدىم ................ 30
سېلىق .......................... 31
بىر دوستۇمغا ................... 32
يىراقتىكى يۇلتۇزۇم ............ 33
سۆيگۈ خاتىرىسى ................ 34
ئەلەملىك خىيال ................ 35
خوش ئېيتاي ساڭا ............... 36
يارنى ئەسلەپ ................... 37
دېرىزىدىكى قىز ................. 38
بىلمىدىم ........................ 39
شەپە ............................ 40
سورىما مەندىن ................. 41
قەلبىمدىكى گۈزەل يار .......... 42
كاككۇك بىلەن زەينەپ ........... 43
بەخت ئىزدەپ .................... 44
ئاشىقلىق ........................ 45
مەرسىيە ......................... 46
سېغىنىش ........................ 47
خاتالىق ......................... 48
ھىجران تۈيغۇلىرى .............. 49
يىگىرمە يىل .................... 51
نارات ........................... 52
ۋەتەن ........................... 53

# ھاراقىنىڭ قۇدرىتى

ئىچكىچىلىك ئۈچ رومكا،
مۇلايىممەن سورۇندا.
ھەم مېھرىبان ھەممىگە،
ھاياجان بار تۇرقۇمدا.

ئىچكىنىمدە بەش رومكا،
مەست بولىمەن بىر ھازا.
جاسارىتىم ئۇرغۇيدۇ،
جاھاندا مەن بىردەكلا.

ئىچىپ قالسام داۋاملاپ،
ئۆزگىرىمەن باشقىغا.
مەينەتلىشىپ، پەسلىشىپ،
قىلغان ئىشىم چاكىنا.

يەنە ئىچسەم ھەسسىلەپ،
ئۆزگىرىمەن مايمۇنغا.
ئورۇن بەرمەي سورۇندا،
سەت سەكرەيمەن دىسكوغا.

هاراقنىڭ بۇ قۇدرىتى،
مەندە تولا كۆرۈلدى.
ئۆزگىلەرنىڭ خىسلىتى،
ئەمدى بىزگە پۈتۈلدى.

2001 - يىلى 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى

## مەندە ئەمەس پۇت ـ قولۇم

پۇت ـ قولۇم،
سىلاشتۇرسام بىجىرىم.
قولاشمايدۇ ھەمىشە،
مەندە ئەمەس پۇت ـ قولۇم.

بۇ سەپ ئۇزۇن سوزۇلغان،
ئورۇن تۇتتۇم كەينىدىن.
ئالغا ئۆتۈش مەن ئۈچۈن،
مۈشكۈلاتتۇر ھەممىدىن.

ئالچاڭلايدۇ پۇتلىرىم،
قولۇم يەتمەس پەللىگە.

2001 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

# ئاتا ۋە ئانامغا

(ئاتا ـ ئانامنىڭ ئەللىك يىللىق توي خاتىرىسىگە ئاتاپ)

ئەللىك يىل ئۆتتى پۈتتى، ئالتۇن توي بۈگۈن،
نەۋرىلەر چۆرىگىدە شادىمان بۈگۈن.
ئاتىلىق ـ ئانىلىق مېھرىگىنى بىزگە،
ئەللىك يىل بېغىشلاپ كەلدىڭ ھەربىر كۈن.

ئۆتتى پۈتتى بىر مەقسەت بىلەن شۇ يىللار،
راھەتتەك بىلىنىپ جاپا ۋە مۈشكۈل.
«بالا» دەپ ھەممىنى قىلدىڭلار قۇربان،
شۇڭلاشقا ئېچىلدى بۈگۈن رەڭدار گۈل.

نەۋرىلەر چوڭ بولدى كۆرەرسەن ئەۋرە،
مەنزىلدە كۆرۈلدى ئۈمىدلەر ئەنە.
ئەتە! دەپ ئۆتتىلدۇق يىللاردىن بېرى،
ئىز بېسىپ ماڭىمىز بىز تېخى يەنە.

گۈلباغلار ئىچىدە كۈلۈپ ياشاڭلار،
بىر ئۆمۈر ئەلنى دەپ چەكتىڭلار ئارمان.
ھاياتتىن تىلەيمىز ساپ نىيەت بىلەن،
باياشات ياشاڭلار بولۇپ شادىمان.

كۈلۈڭلار پەرزەنتلەر بەختىنى كۆرۈپ،
بىز بۈگۈن زورايدۇق ئون ئالتە بولۇپ.
كۆيۈمچان بالىلار، كۈيئوغۇل - كېلىن،
بىر تەن بوپ ئۇيۇشتۇق، ئۇيۇل تاش بولۇپ.

ۋاپادار جان ئاتام بولغاچ يېنىڭدا،
بەختلىك ئۆتمەكتە ھەر كۈن ھەر تىنچلىك.
بالا دەپ ئۆتكەچكە مېھنەتلىك ئۆمرۈڭ،
گوياكى جەننەتتەك مېھىر قۇچىقىڭ.

2000 - يىلى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

## سۆيگۈ

ئازاد قىلغىن ئازابتىن مېنى،
چىرمىۋالدى سۆيگۈ - مۇھەببەت.
ئېلىپ كەتتى جەزمەن مېنىڭدىن،
بارلىقىمنى ئوغرى مۇھەببەت.

كۆيۈپ قالدىم بىر كۆرۈپ سېنى،
مەندە يوقتى بۇنداق تەبىئەت.
مەستلىك ئەمەس ئىشەنگىن ماڭا،
تەقدىم قىلاي ساڭا مۇھەببەت.

1992 - يىل

## ئانامغا

ئانا، ئامالىم قانچە،
ئىستىقبالىم يىراقتا.
گۈدەكلىكىم تۈگەپلا،
يول ئالغانتىم يىراققا.

مېھرىڭىزدە يېتىلگەن،
ئەلگە سادىق ئوغۇلمەن.
قانچە ئۆرلەپ كەتسەممۇ،
ئالدىڭىزدا گۈدەكمەن.

ئانام ئىدىڭ ھەم ئاتام،
ئاشۇ گۈدەك چېغىمدا.
ھەم ئۇستازىم ھۆرمەتلىك،
مەكتەپ بىلىم بېغىدا.

ئاتام باينىڭ بالىسى،
بولغاچ ئاشۇ دەۋردە.
قىزىل يەڭلىك نوچىلار،
ئېلىپ كەتكەن تۈرمىگە.

ئاشۇنداق بىر دەۋردە،
پۈتكۈل ئاۋام كۈلپەتتە.

سەن ئىزدەندىڭ توختىماي،
بىزنى ئۈندەپ ئىلمگە.

باشلانغۇچتىن ئۆرلەپلا،
كۈلپەت كەلدى غەيرىيلا.
جاڭ تېشىڭدىن ئۆگىنىپ،
قەغەز بەردۇق قۇرۇقلا.

ئەشۇ ئەنسىز يىللاردا،
چۈشەندۈردۈڭ بىلدۈرۈپ،
تەلىم بەردىڭ ئۆيمۇئۆي،
توختىماستىن يۈگۈرۈپ.

ئەجرىڭدە بىز جان ئانا،
ھەقىقەتتىن تانمىدۇق.
ئاشۇ ئەجىر سەۋەبلىك،
سەپتىن تېنەپ قالمىدۇق.

تەرىپىڭنى يېزىشقا،
ئاجىز كەلدى قەلىمىم.
ئارقا سەپكە چىقساڭمۇ،
قەدىرلەيدۇ ئۆز خەلقىم.

بۈگۈن زامان ئۆزگەردى،
بىلىملىكلەر ھۆرمەتلىك.
بىزدە يەنە قايتىدىن،
ئىززەتلەندى گۈزەللىك.

يىراق بولغاچ ئارىلىق
ئەسلەپ ئاقار ياشلىرىم.
ئۆمىدىڭنى ئاقلاشقا،
تەقدىم مېنىڭ ياشلىقىم.

ھۆرمىتىم سەن شادلىقىم،
ئۆلگە ماڭا ئىزلىرىڭ.
ھەر ئونىنچى سېنتەبىر،
خۇشال ئۆتسۇن بايرىمىڭ.

# ئۆگىنىش

چۈشتىن كېيىن ئۆگىنىش،
خەۋەر قىلدۇق ھەممىگە.
چىرايلىق گەپ ـــ سەپسەتە،
بۇندا بولۇر بەس ـ بەستە.

چىرىگەنلەر بەك سۆزلەر،
يايماق ئۇچۇن گۇناھنى.
ھاماقەتلەر ئەگىشەر،
كولاپ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقنى.

پارىخورنى پارتىيە،
ئەدەپلەپ بىر قويىسدى.
بۇ ماكاندا ھەممىگە،
بىلدۇرۇپ بىر قويىسدى.

2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

# پارچىلار

نائۈمد بەندىلەر تاپمايدۇ روناق،
ئىنساپسىز بەندىلەر تاپىدۇ چاتاق.
نائىنساپ ئادەمگە قىلمىغىن ۋاپا،
ئۈمدۋار بولغىنسەن تاپسەن روناق.

* *

بۇ دۇنيا ئەجەب دۇنيا،
كۆنمەيدىغان ئادەم يوق.
ھەممە ئادەم «بەر» دەيدۇ،
«مە» دەيدىغان ئادەم يوق.

* *

ئوغرى تۇت دىدى ئوغرى،
ئۆزى تېشىپ مورىنى.
باشلىق ئۆزى ئاغرىق تۇرسا،
بىز يېدۇقۇ دورىنى.

— خەلق تىلدىن

# ئازاب

ئازابتا تولغىنىپ بىقارار،
شارابقا تەلمۈرۈپ ئىنتىزار.
غەزىپىم كۆچىيىپ تەۋرىنەر،
شارابسىز رومكامۇ گىلدىڭلار.

ھەسرىتىم ئايلانسا شادلىققا،
رومكامنى تولدۇرساڭ شارابقا.
باھارغا پۈركىنىپ شاد ـ خۇرام.
گۈلدەستە تىزارمەن بېشىڭغا.

# بىزدىكى كادىرلار چېيى

ئاۋامنىڭ «چاكىرى» چېيى ئايرىلغان،
مائاشى بولغاچقا ئايرىمكەن چېيى.
كۆزۈمگە سىغمىدى ھەيران قالدىم،
«مۆجىزە»كەن بىزدىكى كادىر چېيى.

ئۇيغۇردا يوق ئىدى بۇنداق پەزىلەت،
ئاۋامدىن ئۆزىنى كەتمەيتتى ئايرىپ.
ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ۋەكىلى بولساڭ،
يۈزىنى تۆكمىگىن مەيدەڭنى كېرىپ.

چۆچەكتىكى چايلار تولا ئىدى ئەسلى،
قوشۇلماقتا چايلار بۇ ئۇنىڭ «پەخرى».
چاي ئويناپلا ئۆتمىسۇن يۇرتداشلىرىم،
تەۋپىقتەك يولباشچى تۇرغان جاي ئەسلى.

2005 ـ يىلى، ماي

## شائىرغا

(ئاتاقلىق شائىر روزى سايىتنى ئەسلەپ)

روزىدا ياد ئېتىپ قالدىم شائىرنى،
سەدىقە ئەۋەتتىم قىسلىغانلارغا.
ئەسلەيدۇ ھەردەمدە دېھقانلار سېنى،
ھەققانى ئاۋازىڭ ئايان ئاۋامغا.

روزىدا تۇغۇلۇپ بىمەھەل كەتتىڭ،
قالدۇرۇپ ئەشئارلار، ئۆچمەس ئىزنالار.
ئاۋامغا كۈچ تەقدىم قىلدىڭ ئۆمرۈڭدە،
كۈيلەندى سەن بىلەن ۋەتەن، باھارلار.

دېھقانغا غەمگۇزار، مىللەتكە ۋەكىل،
بۇ يولدا ئىزدەندىڭ ئۆلگە يارىتىپ.
سۆيدۇ شۇڭلاشقا شېئىرىي مىللىتىڭ،
قوشۇلار بۇ سەپكە ئىز باسار ئارتىپ.

روزىدا روزىكا چۈشۈمدە ھەر كۈن،
دېگۈدەك ئۇ بىزگە «دېھقان بولماق تەس».
ئويلاندىم ۋاراقلاپ شېئىرلىرىڭنى،
ئەپلەپلا جان بېقىش بىزگە يول ئەمەس.

شائىرغا ھۆرمىتىم ئاشىدۇ ھەر كۈن،
خوتەنگە يۈرىكىم، تەلپۈنەر دائىم.
بىخەۋەر قاپتىمەن شۇم خەۋەرلەردىن،
بىر يۇلتۇز ئېقىپتۇ، سۇندىغۇ دىلىم.

2001 - يىلى 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

# غەلتە سورۇن

ئىششىپ كەتكەن لەۋ،
ئۆلۈپ كەتكەن روھ.
بۇزۇلغان چىراي،
تېتىقسىز ھەمراھ.

زەيلەشكەن سورۇن،
كىرلەشكەن ئورۇن.
ۋاقىتلىق ھەمراھ،
ئۆتكۈنچى مېھمان.

يەر ئاستى قەۋەت،
لايىق تېپىلغان.
ئارقا ئىشىكمۇ،
مەخسۇس ياسالغان.

ساقالانغان ئاپەت،
بېزەلگەن سورۇن.
بولمىغان بىزدە،
بۇرۇندىن بۇرۇن.

2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى

# توي بولدى

«ئالدىم» دېدى شادلىق بىلەن توي بولدى،
«تەگدىم» دېدى قىز قەلبىدە ئوت ياندى.
ئۇيغۇر ئوغلى قەيسەر يىگىت ئىسكەندەر،
رۇقىيەدەك مېھرىبانغا جور بولدى.

ئاتا كۆڭلى ئەمىن تاپتى توي بولدى،
ئانا ئۈچۈن خاسىيەتلىك كۈن بولدى.
ئانىلارنىڭ پەرزى ئادا بولدى بۈگۈن،
يېڭى پەللە ئالدىمىزدا ئايان بولدى.

2001 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

# قىنىما

مېنى ئۇنچە ياخشى چاغلىما،
مۇساپەمدە بەك تولا نۇقسان.
مەۋجۇتلۇقۇم تەقدىرىمدەكلا،
مىسكىنلىكتە ئۆتكەن بىر ئىنسان.

يېرىم ئۆمرۈم ئۆتتۈپتۇ مانا،
قىلغان ئىشىم چىقماس چوتلىغا.
مەۋجۇتلۇقۇم يىللارغا سوۋغا،
قالدى نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلار.

يىللار ئۆتسە قورۇقلار چۈشۈپ،
چاچلاردىكى ئاقلارمۇ ئارتىپ.
ئارمانلىرىم قىستايدۇ مېنى،
ئىنتىلىشكە ھەر دائىم تارتىپ.

ئىنسان ئۈچۈن ماختاشلار لازىم،
ئەرزىگۈدەك ئىشى بولسىلا.
ئۈيغۇن ئەمەس ماڭا تەرىپلەش،
يۈرىكىمنى ئۇنداق قىنىما.

2001 - يىلى 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

# ۋەتەن ھەققىدە رۇبائىيلار

ۋەتەن دەپ ياشايدۇ غۇرۇرلۇق ئىنسان،
ۋەتەنگە بېغشلاپ بارلىقىن ھامان.
ۋەتەنسىز ئۆتمەكتىن ئۆلمەك ئەلادۇر،
ۋەتەنگە تەقدىمدۇر بىزدىكى بۇ جان.

*   *

ۋەتەن دەپ ياشايمىز ۋەتەن قوينىدا،
ۋەتەنسىز خار ئېرۇر ھەرقانداق جايدا.
ئېزىقىپ يۈرگەنمۇ ۋەتەن دەپ يىغلار،
مۇمكىنمۇ پاشالىق باشقا بىر جايدا.

*   *

كۆزۈمگە سۈرتكۈدەك بولدۇمغۇ لەگمەن،
ئۆز يۇرتتا بىلمەپتىم قەدرىگىنى لەگمەن.
قەدرىڭ بىلىندى «خەقنىڭ شەھرى» دە،
مەن پەقەت كۆردۇمغۇ چۈشۈمدە لەگمەن.

2001 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

# تىرىشچان ئاغىنەم ۋە لايغەزەل مەن

ئوخشاش پۈتتۈلگەن تەقدىر بىزلەرگە،
ئوخشاش يۆكلەنگەن يۈك زىممىمىزگە.
ئوخشاشلا ئاتا، ئوخشاشلا ئانا،
تەلىم بەرگەنتى بىز ئىككىمىزگە.

چوڭ بولدۇق ئاتلاندۇق بىلىم يۇرتىغا،
تىرىشتىڭ، بوشاشتىم، يۈردۈم ھەر يەردە.
تىرىشقاچ نەتىجەڭ زور بولدى سىنىڭ.
چۈش كەبى ئېزىقىپ يۈردۈم غەپلەتتە.

خەۋەردار بولغاندا ئۆتتۇق، غەلبىدىن،
زوقلاندىم ئالەمچە، ئويلاندىم ئۇزاق.
قۇرۇق قول قاپتىمەن كۆپىنىڭ كەينىدە،
قەلبىمنى ئۆرتىدى ھەسرەتلىك پىراق.

2000 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

# بىزدە

بىزدە بارى قامەت، نەددىدۇر ئامەت،
بىزدە بارى غەيۋەت، كەم بولغىنى غەيرەت.
ئىسلاھاتتا كېرىكى بىزگە،
ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا ئەزىمەت.

2000 - يىلى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

# ئۆزگىرىش

ياماق ئىشتان كىيمەس بولدۇق، ئۆزگەردۇق خېلى،
بازاردىكى رىقابەتكە يۈزلىنىپ بىزلەر.
ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ ئۇلىشىپ كېلىپ،
غەيرىيلىكلەر ئۇلغايماقتا بۇ قانداق كۈنلەر.

ئەخلاق بىلەن ئۆتكەنلەرگە تەنلەر قىلىپ،
يۈرۈشدۇ بەزىبىرلەر ھاماقەتلىشىپ.
مېھنەت قىلىپ ئۆتۈشمىسەك ئىتتىپاقلىشىپ،
ھاماقەتلەر يۈرىۋېرەر ھاكاۋۇرلىشىپ.

ھاكاۋۇرلۇق نېمە كەپتۇ ئەمدى بىزلەرگە،
خەقتىن يىراق قېلىپ قالدۇق بىزلەر بۇ كۈندە.
پو ئات دېسە ئاتىمىز بىز تەپ تارتماي ھەردەم،
مۇشۇ پېتى كىرەرمىزمۇ يېڭى ئەسىرگە.

ئەمەلدارغۇ چېرىكلەشسە سورىغىن قىلار،
سودىگەرلەر ناپاكلاشسا كىم ئۇنى سورار؟
بىلىپ بىلمەي مۇشۇ پېتى ئۆتۈپ كەتسەك بىز،
كەلگۈسىدە ئىزباسارلار قانداقمۇ قىلار؟

يېڭى ئەسىر ئىلىم - پەنگە ئۈندەيدۇ بىزنى،
ئېتىبارلىق ياشاۋېرىش ئەمدى خېلى تەس.
يۆلىنىشنى، نادانلىقنى تاشلايلى ئەمدى،
ئىچى قوتۇر غەيۋەتخورلار يوقالسۇن تېز، بەس.

2000 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

## دۆشەنبەدىن يەكشەنبەگىچە

دۆشەنبەدىن يەكشەنبەگىچە،
رېستوراندا يۈردۈق ھارمىدۇق.
غەپلەت بىلەن چېلىشىپ كۈندە،
ھاراق ئىچىپ يۈردۈق، تويمىدۇق.

ھاراقكەشمۇ بوۋىمىز بىزنىڭ،
ياكى ئۇلار نادانمۇ شۇنداق.
بەزىبىرلەر قالدۇرغان بىزگە،
مىراسمۇ بۇ ياكى بىر توزاق.

كۆڭۈلنى دەپ ئىچىمىز دائىم،
خىزمەتنى دەپ قىلىمىز داۋام.
شۇ پېتىلا ئۆتسە ئۆمرىمىز،
كەچۈرەرمۇ بىزنى ئەل ـ ئاۋام.

2000 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

# قاراماي

سېلىم بوۋاي ئىزدىنىپ،
تاپقان سېنى قاراماي.
ئەجدادلارغا ئىز بېسىپ،
گۈللەنمەكتە قاراماي.

جۇڭغاردىكى قۇملۇقلار،
بۈگۈن بوستان، ئىمارەت.
راۋاج تاپار كۈنسېرى،
خەلقىڭدە بار جاسارەت.

گۈللەن يەنە قاراماي!
بەخت ساڭا يار بولغاي!
ئىسلاھاتتا يۈكسىلىپ!
راۋاج تاپقىن قاراماي!

1999 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

## سىرىق چاچلىق ئۇيغۇر قىزى

سۇمبۇل ئىدى چېچىڭىز،
گويا تۈندەك، قۇندۇزدەك.
قورقۇنچلۇق تۇرقىڭىز،
گويا جانسىز مۇردىدەك.

يولۇقسىڭىز يوللاردا،
ھەيران بولۇپ قارايمەن.
پۇرسەت بولسا بىر كۈنى،
«جىنمۇسىز؟» دەپ سورايمەن.

تەبىئىيلىكنى بۇزغاچقا،
ياراشماپتۇ بىلەمسىز؟
مودا دېگەن ئۆزلۈكتۇر،
سىرىق چاچلىق ئۇيغۇر قىز.

1999 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

# نان

ئانام يۇغۇرۇپ،
ئاپتاپتا تەرلەپ - پىشىپ ياققان نان.
ئاتام جەڭلەردە،
بوز يەر ئاچقاندا يېگەن نان.
تەكلىماكاندا،
هاياتلىق ئىزدەپ چىققاندا،
جۇڭغار ئويمانلىقىدا،
سېلىم بوۋامغا،
مەدەت بەرگەن نان.
شانلىق جەڭلەردە،
ئوغۇز بولغان نان.
مۈشكۈل كۈنلەردە،
نىجات بولغان نان.
نان بولغاچ يارىتىلدى شانلىق تارىخ،
نان بولغاچ ئېچىلغان يىپەك يولى.
نان ئۇلۇغ مۇقەددەستۇر،
ناننى كەمسىتىش هاقارەتلىكتۇر.
ناننى ئەزىزلەش ساۋابلىقتۇر،
ئانىلىرىمىز ياققان نان كارامەتلىكتۇر.

1999 - يىلى 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى

# سېغىنىش

جانانىم، نەلەرگە ئۇچتۇڭ كۆزۈمدىن،
يۈرىكىم تەلمۈرەر ھەمىشە ساڭا.
ھىجراندا تولغىنىپ سورىسام سېنى،
ئەپسۇسكى ھېچ يەردىن كەلمىدى سادا.

ئىشقىڭدا گۈلخاندەك يانسام، شام - سەھەر،
شۇمىدى باغلىغان ئەقدەڭ ماڭا؟
بىلمىدىم قايسىبىر گۇناھىم ئۈچۈن،
ماڭا بۇ ئازابنى كۆرگەنسەن راۋا؟

1990 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

## جۇدالىق

ئاھ نىگار، ئاخىر كېتىپسەن،
دەشتى ـ چۆللەرگە قاراپ.
كېتىپسەن،
خوش دەيمۇ؟
ياكى بەخت؟
بەخت تىلەيمۇ؟
ئۆزۈم گاراڭمەن
يېرىم ساراڭمەن
چاقچىقىڭمۇ يا،
بۇ ماڭا قىلغان؟
ئېھ! دەسلەپكى سۆيگۈ،
شۇنچە يالقۇنلۇق ئىدى،
تاڭدىكى شەپەق ئىدى،
تۈندىكى چاقماق ئىدى،
پارلىغاندى قۇياش پارلىغاندەك.
ئۈن ـ تىنسىز كېتىپ قالدىڭ،
تاشلاپ مېنى ھىجرانغا،ئوتقا.
يۈرىكىمنى قوش قوللاپ،
تۇتقان ئىدىم پەقەت بىر ساڭا.
ئەقىدەمنى ئەيلىدىڭ خازان،
ھىجرانىمدىن ئۆرتەندى دۇنيا.

1990 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

# سېغىنىپ كەلدىم

سېغىنىپ كەلدىم، يىراقتىن گۈل يۈزۈڭ مېھرىڭنى دەپ،
شۇل مۇھەببەت قامۇسى چولپان سۈپەت كۆزۈڭنى دەپ.
تال چېۋىقتەك ئەۋرىشىم زىلۋا گۈزەل تۇرقۇڭ بىلەن،
ناز كەرەشمە بىرلە گۈلگۈن، قىپقىزىل مەڭزىڭنى دەپ.

قانچە كۈن ۋە قانچە ئاي، قانچە يىل تەشنا ئىدىم،
ئۇيقۇ قاچقان بۇ كۆزۈمدىن قاپقارا قاشىڭنى دەپ.
تەلمۈرۈشلەردىن تۆكۈلدى قالمىدى قۇندۇز چېچىم،
لەۋلىرىم چاك - چاك دېدى سەن پەرى جانانىنى دەپ.

قانچىلىك ئارزۇ - تىلەك سىڭدى مېنىڭ ئاھىمغا بىل،
ئۈندىدى شۇ تاپ مېنى باغرىڭغا باس يايرىڭنى دەپ.
كەلدىم نىگار كۆرسەت يۈزۈڭ، قانسۇن يۈرەكلەر بىر ھازا،
سېغىنىپ كەلدىم يىراقتىن سەن گۈزەل ئاي يۈزنى دەپ.

1990 - يىلى 12 - ئاي

# سىلىق

تەشۋىشتە تەلمۈرۈپ دىلدىم يار ساڭا،
تۇرمۇشقا يۈزلىنىپ قۇرايلى سەينا.
تەبەسسۇم ئىچىدە شادلاندىڭ شۇدەم،
كۆرسەتتىڭ سىلىقنى ئالدىراپ ئەمما.

تىزىملىك تىزىپسەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن،
ھەممىنى قويماپسەن ھەيرانمەن ساڭا.
ئەجەبا ئۇنتۇپسەن قاپتۇغۇ يەنە،
ئالتۇن تاج، ئالتۇن كەش لازىممۇ ساڭا؟

كۆرگەندە سىلىقنى قالمىدى ھەيران،
ئىش كۆرگەن مېھرىبان ئاتام ۋە ئانام.
ئەمما مەن تەگلىكتە قىينالدىم شۇنچە،
سۆيگىنىم گۇناھمۇ بەرمەيسەن ئارام.

بىباھا دەيتتىم مەن جانان يار سىنى،
باھانى قويۇپسەن ئالدىراپ ئۆزۈڭ.
باھاسىز گۆھەرنى تىگىشمەك ئۈچۈن،
قانداقمۇ چىدىسۇن باھالىق يۈزۈڭ.

1990 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

## بر دوستۇمغا

ياشلىق دەپ باغلاپسەن مەيگە ئىشتياق،
ئارامگاھ بولۇپتۇ ساڭا ھەر قاۋاق.
مەي ئىچسپ پەيزى قسپ كۆڭۈل كۆتۈرۈش،
مەڭگۈلۈك ئەسقاتماس بىل بۇنى ئەخمەق.

1990 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

# يىراقتىكى يۇلتۇزۇم

كۈن بويى تەلمۈرۈپ ئەسلەيمەن سېنى،
يۇلتۇزلار ئىچىدىن ئىزدەپ يۇلتۇزنى.
جۇدالىق دەردىدە پۇچۇلۇپ ھەردەم،
ئەجەبمۇ قىيىندىم بۇ بىمار جاننى.

ھەر ئاخشام قارايمەن يىراق - يىراققا،
نەلەرگە مۆكۈندۈڭ ئوماق يۇلتۇزۇم.
نەھاجەت بىزلەرگە ئويناش مۆكۈشمەك،
دەردىڭدە بولمىسۇن ئەما بۇ كۆزۈم.

1990 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى

## سۆيگۈ خاتىرىسى

ئەۋەتىپسەن تولدۇرۇپ،
ئاتكرىتكا بېتىنى.
كۆرۈپ شۇنچە ئىزدىدىم،
يوشۇرۇپسەن ئېتىڭنى.

يوشۇرساقمۇ خەقلەردىن،
بىللە ئۆتكەن كۈنلەرنى.
يوشۇرغىلى بولمايدۇ،
مۇھەببەتلىك سۆيگۈنى.

يوشۇرمىغىن ئەي رەنا،
ئاشۇ گۈزەل چاغلارنى.
كۆرۈپ بىلسۇن جامائەت،
قەدىرلىسۇن سۆيگۈنى.

1990 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

## ئەلەملىك خىيال

قانچىلىغان تۈنلەر ئۆتتى ئۇيقۇسىز،
قانچىلىغان كۈنلەر ئۆتتى مەنسىز.
جانان يايرىم سەنسىز ئۆتكەن كۈنلەردە،
قانچىلىغان ئىشلار بولدى ساپاسىز.

قانچە كۈنۈم ئۆتتى دەردۇ ئەلەمدە،
قانچە يېشىم ئاقتى مېنىڭ تۈنلەردە.
ئەي نىگارىم كەلگىن ئەمدى رەھىم قىل،
شۇندا ئۆتمەس مېنىڭ ئۆمرۈم ھەسرەتتە.

1990 - يىلى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى

# خوش ئېيتاي ساڭا

بولدى قوي قەلبىمدە يوق ئورۇن ساڭا،
شۇ گۈزەل قامىتىڭ ياتلاشتى ماڭا.
ھەرگىزمۇ تانمايمەن بۇ بىر ھەقىقەت،
قەلبىمگە مەڭگۈلۈك ئىز سالدىڭ ئەمما.

ئەسلىشىڭ ھاجەتسىز ئەمدى سەن مېنى،
ئۆزگىنىڭ ياندا، قىيناپ ئۆزگىنى.
ھەسرىتىڭ ئايلانسۇن قىزغىن سۆيگۈگە،
قەدرىلە ئۆزگىنىڭ پاك سۆيگۈسىنى.

قالدى ئىز بىزلەرنى سېلىپ قايغۇغا،
شۇندىمۇ باسمىز داۋاملىق ئالغا.
سالساڭمۇ قەلبىمگە داۋاسىز يارا،
سەمىمي دوستلارچە خوش ئېيتاي ساڭا.

1990 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

# يارنى ئەسلەپ

جانانىم نەدىسەن ئەسلەيمەن سېنى،
يۈرىكىم تەلمۈرەر ھەر ۋاقىت ساڭا.
پىغاندا زارلىنىپ سورىسام سېنى،
بەرمىدى ھېچ بەندە جاۋابىن ماڭا.

تەلمۈرۈپ ھەر ئاخشام يولۇڭغا قاراپ،
يۇلتۇزلار ئىچىدىن ئىزدەيمەن سېنى.
تولۇن ئاي كۆرۈنسە شۇندا كۆزۈمگە،
كۆرگەندەك بولىمەن گۈزەل يار سېنى.

نەھاجەت بۇنچىلا قىينىماق مېنى،
ئەقدەك شۇمىدى ماڭا باغلىغان.
سەن كېتىپ مەن قالدىم قايغۇ ـ ئەلەمدە،
ئۆمۈرلۈك سوۋغاڭمۇ بۇ ماڭا قىلغان.

چىقمىسا بۇندا يا مۇڭداش بىر بەندە،
پەلەكمۇ يۈز ئۆرۈپ تارتسا ئۆزىنى.
قانداقمۇ چىدىسۇن بۇ مىسكىن بىمار،
يۇتۇشقا شۇنچە كۆپ قايغۇ ـ ئەلەمنى.

1990 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

# دېرىزىدىكى قىز

قىز كۆزى ئۇچقۇندەك چاقناپ كۆرۈندى،
قىز يۈزى يىراقتىن گۈلدەك كۆرۈندى.
تۇرسىمۇ يىراقتا، توسۇقلۇق ئەينەك،
جىلۋىسى روشەنلا ئايدەك تۇيۇلدى.

شۇ جىلۋە ئەپكەلدى ۋىسال ئارزۇسى،
تەلمۈرۈش قوشۇلدى ھەسرەتلىرىمگە.
ياشلىرىم قۇرىدى، قىلما ئىنتىزار،
دېرىزەڭنى ئېچىۋەت يەتكىن ھالىمگە.

1991 - يىلى 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

# بىلمىدىم

يا سۆيۈشنى، يا قېچىشنى بىلمىدىم،
ياكى دەردۇ پىراقىڭدا ئۆلمىدىم.
گاھى كېلىپ، گاھى قېچىپ ئەي ياران،
ئوي - خىيالىڭ زادى نېمە بىلمىدىم.

1989 ـ يىلى، 20 ـ ئۆكتەبىر

# شەپە

بىر ۋىسال شەپىسى كېلىپ تۇردۇ،
چۈشەنگەچ يۈرىكىم «كۆلۈپ» تۇردۇ،
كەمبەغەل بۇ روھىم ئازاب - نەپرەتتە،
ھىجراندا دىلىمنى قىيناپ تۇردۇ.

سۆيگۈنىڭ شەپىسى كېلىپ تۇردۇ،
تەلپۈنگەن يۈرىكىم سوقۇپ تۇردۇ.
شۇ شەپە بولسىلا پاك ۋە ئەخلاقلىق،
قەلبىمگە ھەردائىم سىغىپ تۇردۇ.

1989 - يىلى، 8 - مارت



# سورىما مەندىن

سورىما مەندىن ۋاقتىمنى ئالما،
بەرمەيمەن جاۋاب سوئاللىرىڭغا.
سۆيگىنىڭ بارمۇ؟ يۈرەمسەن شۇنداق؟
بۇ سوئاللىرىڭ تېگەر زىتىمغا.

سورىساڭ ئەگەر مېنىڭ ھالىمنى،
ئەسلەپ قالارمەن ھىجرانلىق چاغنى.
باقمىغاچ ساڭا ئايرىپ تاشلىدىڭ،
ئەقدە باغلاپ سۆيگەن قىزىمنى.

ئەمدى سورىما، ۋاقتىمنى ئالما،
زىدە يۈرەككە سەن تاراش سالما.
ۋاقتىم ئالدىراش ئىلىم يولىدا،
ياخشى كۆڭلۈمگە كۆپ رەھمەت ھاما.

1989 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

## قەلبىمدىكى گۈزەل يار

(ناخشا تېكستى)

قەلبىمدىكى گۈزەل يار،
مېهرى ئوتلۇق دىلكەش يار.
مېنىڭ ئۈچۈن ئالەمدە،
يوقتۇر ئۆزگە سەندەك يار.

قەلبىمدىكى گۈزەل يار،
جېنىمدىنمۇ ئەزىز يار.
مۇھەببەتلىك تۇيغۇڭدا،
ئۆتمەكتىمەن بەختىيار.

گەر تۇرساڭمۇ يىراقتا،
قىنالسامۇ پىراقتا.
ئىشىنىمەن يار ساڭا،
بۇ سوزۇلماس ئۇزاققا.

1989 ـ يىلى، 13 ـ ئۆكتەبىر

# كاككۇك بىلەن زەينەپ

كاككۇكقا ئوخشاتسام ئۆزۈمنى،
زەينەپكە ئوخشىتارمەن يارنى.
مەن سۆيسەم مۇھەببەتتە يارنى،
يار سۆيدى مەڭگۈلۈك ئەلەمنى.

1989 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

## بەخت ئىزدەپ

بەخت ئىزدەپ ئۆزۈمگە،
ئۈمىد كۈتتۈم ئۆزگىدىن.
توۋا دەيمەن ئۆزۈمگە،
شۇنچە كۆرگەن چۈشۈمدىن.

دېدى بوۋام - موماملار،
بەخت كەلمەس غايىبتىن.
بەخت كېلۇر تىرىشساڭ،
پېشانەڭدىكى تەرىڭدىن.

**1989 - يىلى 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى**

## ئاشقلىق

غىزا ئۆتمەس، ئۇيقۇ كەلمەس ئوي بىلەن،
جامالىڭغا تەشنا ئۆتتى ھەم تۈنلەر.
ئىچ پۇشۇقى، پۇچۇلۇشلار، كۆز ياشلار،
ئۇخلىماستىن كۆرۈلمەكتە كۆپ چۈشلەر.

ئاشىق دېگەن قانداق تۇيغۇ دەپتىمەن،
ئاشىق بولۇپ يەتتىم ئەمدى قەدرىگە.
پىدا بولاي گۈزەل قىزچاق مەن ساڭا،
ئاشقلىقىم سىغماس شېئىر ـ سەترىگە.

1989 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

# مەرسىيە

(دوستۇم مۇختەرگە)

ياش ئىدىڭ دوستۇم، ئالدىراپ كەتتىڭ!
بىزنى تاشلىدىڭ قايغۇ - ھەسرەتكە.
ياش دوستلار ئارا، مەردان ئوغلان ئىدىڭ،
سەندىن ئايرىلىپ، چۆكتۇق ھەسرەتكە.

1989 - يىلى، 6 - دېكابىر

## سېغىنىش

بەختىك چىرىغى ۋاللىدە ياندى،
ياش يۈرەك شۇ هامان جۇشقۇنلاپ سوقتى.
ئاھ جانان نەدە سەن، كەلگىن تېز كەلگىن،
كۆزلىرىم يولۇڭغا ئۈمىدلىك ياتتى.

ئاھ ئۇرۇپ زار قاقشاپ ئۆتتى نەچچە كۈن،
بىلمىدىم ئۆزۈمنى بىھوشتا ئۆتتۈم.
قانداقمۇ قاقشىماي خۇمار كۆزلۈكۈم،
مەن سېنى جانانىم تۆت كۆزدە كۈتتۈم.

1988 ـ يىلى، 23 ـ ماي

# خاتالىق

خاتالىق كۆرۈلسە خاتا كەتتى دە،
ئەيىبنى يوشۇرۇپ پۈچۈلۈپ يۈرمە.
ئۆتىدۇ ھەركىمدىن سەۋەنلىك دېگەن،
يوشۇرۇپ كېسەلنى راك بولۇپ يۈرمە.

1980 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى

# ھىجران تۇيغۇلىرى

ئون سەككىز ياش چېغىمدا،
مەن سۆيگەنتىم بىر قىزنى.
ساپ مۇھەببەت تۇيغۇدا،
ئۇمۇ سۆيدى ھەم مېنى.

ئۇزاق ئۆتمەي بىزلەرنى،
ئايرىۋەتتى كاج قىسمەت.
شۇڭا دائىم كاللامدا،
سۆھبەت قورار زىددىيەت.

ياقمىغاچقا ئانامغا،
سەۋەب بولدى بۇ ئىشقا.
نالە - زاردا ئايرىلىپ،
بىز قېلىشتۇق ئازابتا.

ئۆتۈپ شۇندا سەككىز يىل،
بىز كۆرۈشتۇق ئازابتا.
بۇنى بىلىپ ئانجان،
پۇشمان قىلدى يىراقتا.

تۇرغاچ يارىم يىراقتا،
نۇرغۇن ئىشلار بىزگە سىر.

ئەگەر كەلسە نويابىر،
مەن بارارمەن شۇندا بىر.

سېنتەبىرغۇ كەپ قالدى،
قاچان كېلۇر نويابىر.
ھىجران ئوتى ئۇلغايغاچ،
كۆن سانايمەن بىرمۇ بىر.

كۆنۈم ئۆتمەس بۇنداقلا،
ئېچىلمىغان گۈلدەكلا.
مەنمۇ تېپىپ بەختىمنى،
ئېچىلارمەن بىراقلا.

# يىگىرمە يىل

(مەكتەپ يۇتتۇرگەنلىكىمىزنىڭ 20 يىللىقى)

ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتتى يىگىرمە يىل،
ئەسلىمە بوپ قالدى ئاشۇ چېغىمىز.
شۇنچە يىل ئۆتسىمۇ يىللار قوغلىشىپ،
ھەمىشە باغلانغان بىزنىڭ رىشتىمىز.

ئون سەككىز، ئون توققۇز ياشتا كەلگەن بىز،

تۆت يىلنى ئۆتكۈزۈپ ھەريان كەتكەن بىز.
ئۇستازلار مېھنىتى سىڭگەن بىزلەرگە،
ھەرجايدا كۆرۈلدى بىزنىڭ تۆھپىمىز.

كۆرۈشۈش بىزلەرگە بۈگۈن غەنىيمەت،
ئۇستازلار ئەجرىگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت.
ئۇلارنىڭ ئارزۇسى بىزنىڭ ئەھدىمىز،
ئاقلاشقا ئەجرىنى بىزدە بار غەيرەت.

بىرلىشىپ بۈگۈن بىز سالدۇق داستىخان،
مەكتەپكە، ئۇستازغا، مەكتەپداشلارغا.
بۇ سورۇن يېزىلغاي قەلبلەرگە ھەم،
چۈشەيلى ھەممەيلەن ئەمدى ساماغا.

2005 - يىلى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

## نارات

ھەقىقەتەن قۇياش بار ئىكەن بۇندا،
شۇ قەدەر كەڭ كەتكەن يايلاق ھەم ئوتلاق.
«سەنى» ھېچ يەردە يوق بۇنداق گۈزەل تاغ،
كۆرۈپ بىلدىم كەلگۈسۈڭ چوقۇم پارلاق.

2005 - يىلى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، كۈنەس

# ۋەتەن

تولغىنار يۈرەك ئۈنسىز،
چۈنكى پۈتمىگەن قەرزىم.
قەلبىمدە كۆيەر بىر ئوت،
ۋىسال تاپمىغاچ ئەھدىم.

ساڭا چېتىلغان ئەسلىم،
ماڭا يات چىراي ياقماس.
بىر سەنلا ماڭا مەشئەل،
سەن يوق چىرىغىم يانماس.

سەن بەرگەن ھارارەتتىن،
كۈچ ئالغان زەئىپ بۇ تەن.
ھايات ھەم كۈلەر مەڭگۈ،
باغرىڭدا ئانا ۋەتەن.

[General Information]
书名=在天窗的姑娘  维吾尔文
SS号=40219784